## 2377 ـ ۋاقىتلىق نىكاھ توغرىسىدا

### سۇئال

سوئال: مەن يېقىندا بىر مۇسۇلمان ئەرەب بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ كىشى ماڭا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ مەن بىلەن بىرگە تۇرۇشنى خالايدىغانلىقى بىلدۈردى. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇقنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشى ئۈچۈن "ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش" نى مەندىن تەلەپ قىلدى، مەن بۇ تۈردىكى نىكاھلىنىشنىڭ قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىزدەندىم. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ھەمدە توي قىلىش رىغبىتىممۇ بار، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىگە قارايدىغان بولسىڭىز بىز ئىككىمىز خۇددى ھەقىقى توي قىلغانلاردەكلا كۆرىنەتتۇق، مەن ھەم شۇنداق ھېس قىلاتتىم. لېكىن مېنىڭ بۇ ھەقتە مەلۇماتىم يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن سىلەردىن بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارچە ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

ئىسلام شەرىئىتىدە "ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش" دەيدىغان نىكاھ يوقتۇر. قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى، بۇ خىلدىكى ئاتالمىش نىكاھ بىلەن تۇرمۇش قۇرغان بولسا، نىكاھى باتىل بولۇپ ئۇ كىشىگە شەرىئىتىمىزدە زىناخۇرغا بەلگىلەنگەن جازا بېرىلىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا "ۋاقىتلىق نىكاھ" بىلەن نىكاھلانغان كىشى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كېلىنسە ئۇنىڭغا دەررە ئۇرغان بولاتتىم .

لېكىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بەزى ئېزىپ كەتكۈچى ئىنسانلار تا ھازىرغىچە نىكاھ مۇتئە )يەنى ھۇزۇرلىنىش نىكاھى( يەنى ئۇ بولسا " ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش" نىڭ بىر تۈرى دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆزلىرىچە دۇرۇس دەپ قارىشىدۇ. ئەكسىچە بۇ خىلدىكى نىكاھ ئىسلام شەرىئىتى نىكاھ قانۇنىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان قىلىنغان (يەنى بىكار قىلىنغان).

ئۇ تۈردىكى ئىنسانلار خاتا پىكىردىكى كىشىلەر بولۇپ، سىزنىڭ ھەق يولدا مېڭىشىڭىزغا ھېسسىياتىڭىز توسالغۇ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھىلى ـ مىكىرلىرىدىن يىراق بولۇشىڭىز كېرەك. ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر .

ئىسلام سۇئال جاۋاپ تورى

پەزىلەتلىك شەيخ / مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد